ھاياتى ئارقىلىق ساداقىتىنى پۈتۈش

(بېشى 1 - بەتتە)

ھاياتلىق ئاخىرلاشمىسىلا جەڭ توختىمايدۇ

ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ قاراپ چىقىش - تەكشۈرۈش مەركىزىدە، بىرنەچچە پارچە «ئىزدىنىش» ژۇرنىلى، بىر يۈرۈش «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 90 يىلى» ۋە كۆرىدىغان بىرنەچچە دەستە ھۆججەت جاسارەت مەخسۇتنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ياتىقىنىڭ خىزمەت ئۈستىلىگە رەتلىك قويۇلغانىدى، بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر ھۆججەت ئېچىپ قويۇلغان بولۇپ، ئۇ تەستىق سالىدىغان ھۆججەت ئىدى.

بۇ جاي ھەم ئۇنىڭ خىزمەت قىلىدىغان جايى، ھەم ئۇنىڭ ئارام ئالىدىغان ئۆيى ئىدى.

«ئۈستەلدىكى بۇ ھۆججەتلەر پەقەت ئۇنىڭ ئادەتتە كۆرۈپ تەستىق سالىدىغان ھۆججەتلىرىنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمى.» ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى 8 - قاراپ چىقىش - تەكشۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى يەن بېڭجې مۇنداق دېدى: ناھايىتى نۇرغۇن ھۆججەتلەر تەستىقلانغان ھامان دەرھال ماڭدۇرۇلىدۇ، يەنە نۇرغۇن مەزمۇن مۇھىم ئىش تۈرلىرى ۋە خىزمەتلەرگە چېتىلىدىغان بولۇپ، ئاددىيلا كۆرۈپ قويسا بولمايدۇ، يەنە مۇناسىۋەتلىك خىزمەتچى خادىملار بىلەن ئەھۋال ئىگىلەش، پىكىر ئالماشتۇرۇش، چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ.

لاۋازىمەت خاراكتېرىدىكى خىزمەتتىن باشقا، جاسارەت مەخسۇت تېخىمۇ كۆپ زېھنىي كۈچىنى دېلولارنى تەكشۈرۈپ بېجىرىشكە قاراتقانىدى. «ھەر كۈنى كەچتە، ئۇ ھەربىر مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسىغا كۆرۈپ بېقىشقا باراتتى، كۆپچىلىك بىلەن بىرلىكتە دېلو ئەھۋالىنى تەھلىل قىلاتتى، كۆپچىلىكنىڭ بېسىمىنى يېنىكلىتىشكە مەدەت بېرەتتى.» ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى 10 - قاراپ چىقىش - تەكشۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مو ۋېيلى مۇنداق دېدى: «قاراپ چىقىش - تەكشۈرۈش مەركىزىدىكى ھەربىر مەخسۇس دېلونى ئۇ بىر - بىرلەپ ئۆتكۈزۈۋېلىپ كۆرۈپ چىقاتتى، ھەمىشە سەھەر سائەت 3 - 4لەر بولغاندا، ئۇ ئاندىن قايتىپ ئارام ئالاتتى».

مو ۋېيلىنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگىنىدا خىزمەت قىلىۋاتقىنىغا 15 يىل بولغان بولۇپ، بۇنداق كۆرۈنۈشنى ئۇ كۈندە كۆرەتتى. «15 يىلدىن بۇيان، جاسارەت شۇجى ئاساسەن بىر كۈنمۇ دەم ئېلىپ باقمىدى.» مو ۋېيلى مۇنداق دېدى: مۇشۇنداق چىڭ تۇرۇشنى، ئەگەر بۇ كەسىپكە بولغان چىن مۇھەببەت بولمىسا، پارتىيەگە بولغان ساداقەت بولمىسا، ئىشقا ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس.

بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى بىر مەيدان ئىس - تۈتەكسىز جەڭ.

ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى 7 - قاراپ چىقىش - تەكشۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ كادىرى جوۋ زىمىننىڭ ئېسىدە ئېنىق تۇرۇپتۇ، 2018 - يىلى 6 - ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى ئاپتونوم رايوندىكى ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىشقا چېتىشلىق نازىر دەرىجىلىك بىر كادىرنى قاراپ چىقىپ تەكشۈرگەنىدى، بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىتتا، مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى بۇ ئوبيېكتنىڭ باشقىلارنىڭ مال - مۈلكىنى قوبۇل قىلىش، بەلگىلىمىگە خىلاپ جىنايەت گۇماندارىنى قويۇپ بېرىش قاتارلىق مەسىلىلىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغانىدى.

مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسىدىكى خادىملار تولۇپ تاشقان خۇشاللىق بىلەن جاسارەت مەخسۇتقا دوكلات قىلغاندا، ئۇ چىرايىنىمۇ ئۆزگەرتمەي مۇنداق سورىغانىدى: «زادى نوقۇل ‹پۇل ئېلىپ ئىش بېجىرىش›تەك ئىقتىسادىي مەسىلىمۇ ياكى بۇنىڭغا يوشۇرۇنغان باشقىچە مەقسەت بارمۇ؟ بىز چوقۇم مەسىلە ئارقىسىدىكى مەسىلىنى كۆرۈپ يېتىشىمىز كېرەك».

جاسارەت مەخسۇت شىنجاڭ سىياسىي - قانۇن كادىرلار مەكتىپىنىڭ سىياسىي - قانۇن كەسپىنى پۈتكۈزگەندى، ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن بىڭتۈەن جامائەت خەۋپسىزلىكى تارمىقىدا ئۈچ يىلدىن كۆپرەك خىزمەت قىلغان بولۇپ، مول دېلو بېجىرىش تەجرىبىسى ۋە شەيئىلەرنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىدى. «جاسارەت شۇجى بىزدىن ھەربىر يىپ ئۇچىنى چوقۇم باشتىن - ئاخىر تولۇق ئېنىقلاشنى تەلەپ قىلاتتى، دەل ئۇنىڭ پارتىيە ئىشلىرىغا بولغان مۇشۇنداق ساداقىتى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقى بولغاچقا، ئاخىر دېلونىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى ئاشكارىلاندى، بىز كۆپ يىل يوشۇرۇنۇۋالغان ‹ئىككى يۈزلىمچى›نى تەكشۈرۈپ تاپتۇق» دېدى جوۋ زىمىن تونۇشتۇرۇپ.

ھاياتلىق ئاخىرلاشمىسىلا جەڭ توختىمايدۇ. ھاياتىنىڭ ئاخىرقى بىرنەچچە كۈنىدە، جاسارەت مەخسۇت يەنىلا ئىككى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتىدىكى مۇناسىۋەتلىك يولداشلار بىلەن سۆزلىشىشنى تاماملاشتا چىڭ تۇردى. سۆزلىشىشتىن ئۈچ كۈن بۇرۇن، ئۇ يەنە ئالاھىدە «بىر ئادەمگە بىر لايىھە بولۇش، بىر ئادەمگە بىر مەزمۇن بولۇش» خىزمەت تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، سۆھبەتكە چاقىرتىش خىزمەت لايىھەسى، بىختەرلىك لايىھەسى، سۆھبەتكە چاقىرتىش تىزىمىنى بىر - بىرلەپ تەكشۈرۈپ ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ، تۈزىتىش پىكرىنى قايتا - قايتا ئوتتۇرىغا قويىدى.

ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەيتىدە، جاسارەت مەخسۇت يەنىلا ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە خىزمىتىنىڭ بىرىنچى سېپىدە چىڭ تۇرۇپ، ھاياتى ئارقىلىق پارتىيە ئىشلىرىغا بولغان چەكسىز ساداقىتىنى پۈتتى.

بىرىنچى سەپتە ئاتاكىغا ئۆتۈپ، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرۇش

جاسارەت مەخسۇت ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە سىستېمىسىدىكى بىر «پېشقەدەم ئەسكەر». 1988 - يىلى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە سىستېمىسىغا كىرگەندىن باشلاپ، ئۇ ئىزچىل بىرىنچى سەپتە «تۈرلۈك مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ»، سىستېمىدىكى «ئۆتكۈر خەنجەر»گە ئايلاندى.

نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، ئۇ مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسىنى باشلاپ نۇرغۇن دېلولارنى تەكشۈرۈپ بېجىرگەندى، ھەر قېتىم ئاچقۇچلۇق پەيت ۋە ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش باسقۇچىغا كەلگەندە، ئۇ ھامان ئاتاكىدا ئالدىغا ئۆتۈپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ، ئەڭ قاتتىق «قىيىنچىلىق»نى يېڭىپ، ئەڭ قىيىن «تاغ چوققىسى»غا ھۇجۇم قىلاتتى، قورغاننى ئىشغال قىلمىغۇچە ھەرگىز بولدى قىلمايتتى، تولۇق غەلىبە قىلمىغۇچە قوشۇننى قەتئىي قايتۇرمايتتى.

بىر مۇھىم، زور، مۇرەككەپ دېلودا بۆسۈش ھاسىل قىلىش ئۈچۈن، جاسارەت مەخسۇت مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسىنى باشلاپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى 20 نەچچە يىلدىن بۇيانقى مۇناسىۋەتلىك دېلو يىپ ئۇچلىرىنى قايتا - قايتا تەھلىل قىلىپ، تەتقىق قىلىپ، ھۆكۈم قىلىپ، يىپەكنى تارتىپ غوزەكنى چىقىرىپ، تېگى - تەكتىنى ئېنىقلاپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان زەھەرلىك ئۆسمە، يوشۇرۇن خەۋپنى قېزىپ چىققانىدى.

جاسارەت مەخسۇت يەنە ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە كادىرلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلۈپ، دائىم تەشەببۇسكارلىق بىلەن كادىرلارغا سىياسەت، نەزەرىيە، دېلو بېجىرىش تەسىراتى ۋە ئەمەلىي تەجرىبىلىرىنى سۆزلەپ بېرەتتى. «قىلچە مۇبالىغە قىلماي شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ دېلو بېجىرگۈچى تايانچلىرى جاسارەت شۇجىدىن تەلىم ئالغان» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ 9 - قاراپ چىقىش - تەكشۈرۈش ئىشخانىسى 1 - باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى ۋاڭ ۋېي.

ۋاڭ ۋېي دەل مەنپەئەتلەنگۈچىلەرنىڭ بىرى. 2005 - يىلى، ۋاڭ ۋېي ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە سىستېمىسىغا يېڭىدىن كىردى. ئەينى ۋاقىتتا سۆھبەت بىرقەدەر كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭغا ئوخشاش يېڭى خىزمەتكە قاتناشقانلار بىرقەدەر كۆپ ئىدى. سۆھبەت ئوبيېكتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى بىرقىسىم «چوڭ رەھبەرلەر» بولۇپ، يېڭى خىزمەتكە قاتناشقانلارنىڭ روشەنكى ئاساسى يېتەرلىك ئەمەس ئىدى. «جاسارەت شۇجى ئەينى ۋاقىتتا 1 - ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئىدى، ئۇ بىزدەك يېڭى خىزمەتكە قاتناشقانلارنى باشلاپ بىر - بىرلەپ سۆھبەت ئوبيېكتلىرى بىلەن سۆھبەتلىشەتتى. كەچتە كۆپچىلىك بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ مۇزاكىرىلىشەتتى، ئۇ ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەش ئارقىلىق، بىزگە سۆھبەتلىشەلمىگەنلىكىمىزنىڭ سەۋەبىنى بىر - بىرلەپ تەھلىل قىلىپ بېرەتتى ھەم سۆھبەتلىشىش ماھارىتى ۋە ئۇسۇلىنى ئۆگىتەتتى.» بۇلار ۋاڭ ۋېينىڭ ھېلىھەم ئېنىق ئېسىدە. ئەينى ۋاقىتتا، جاسارەت مەخسۇت مۇنۇلارنى قايتا - قايتا تەكىتلىگەنىدى: «ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، سىلەرنىڭ سۆھبەتىڭلار پارتىيەگە، تەشكىلگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.» «بۇ سۆز بىزدە ناھايىتى كۈچلۈك ئىشەنچ تۇرغۇزدى، شۇنداقلا بىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن دېلو بېجىرىشىمىزدىكى قەتئىي ئېتىقادىمىزغا ئايلاندى» دېدى ۋاڭ ۋېي.

جاسارەت مەخسۇت كۆپچىلىككە دېلونى قانداق بېجىرىشنى ئۆگىتىپلا قالماي، بەلكى يەنە كۆپچىلىككە پىكىر يولىنى قانداق كېڭەيتىشنى ئۆگىتەتتى. «دېلو بېجىرىش جەريانىدا قىيىنچىلىققا يولۇققاندا قانداق قىلىش كېرەك؟ جاسارەت شۇجى سىزنى ئامال تاپسۇن دېمەيتتى، بەلكى كۆپچىلىك بىلەن بىرلىكتە ئامال تاپاتتى. ئۇ دائىم كۆپچىلىك بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ پاراڭلىشاتتى، پاراڭلىشىش جەريانىدا تەپەككۇر يوللىرىمىز ئېچىلىپ، بۆسۈش ھاسىل قىلىشتىكى ئۇسۇللارنى تاپالايتتۇق.» يەن بېڭجې مۇنداق دېدى: «ئۇ ئۆگەتكەن ئاشۇ قاراشلار، بىزنى ئۆمۈرلۈك نەپكە ئېرىشتۈردى».

قەتئىي تىز پۈكمەس جاسارەت بىلەن چەكسىز ساداقەتمەنلىك بىلدۈرۈش

جاسارەت مەخسۇتنىڭ ھاياتىدا قانچىلىغان دېلولارنى بېجىرىپ، قانچىلىغان چىرىك ئۇنسۇرلار ۋە مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلغانلىقى ھېچكىمنىڭ ئېنىق ئېسىدە يوق. ئۇ ئۆزىنىڭ نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ «كۆزىگە قادالغان مىخ» ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلسىمۇ، ئەمما ئەزەلدىن قورقۇپ قالمىدى. ئۇ دائىم مۇنداق دەيتتى: «مەن پارتىيە ۋە خەلقنى قانچىلىك قىزغىن سۆيگەن بولسام، بۇ مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلاردىن شۇنچىلىك نەپرەتلىنىمەن! مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار بىر كۈن يوقىتىلمايدىكەن، ۋەتىنىمىزنىڭ شىنجاڭى بىر كۈنمۇ تىنچ بولمايدۇ!»

بىر قېتىم ۋىلايەت، ئوبلاستقا بېرىپ بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش دېلوسىنىڭ دەسلەپكى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئىشلىگەندە، سۆھبەت ئوبيېكتى ئىنتايىن ھەددىدىن ئېشىپ، جاسارەت مەخسۇتقا قاراپ: «سىلەرنىڭمۇ ئاتا - ئاناڭلار، بالا - چاقىلىرىڭلار بار، ئۆزۈڭلارنىڭ ئىشىنىمۇ ئويلىشىپ قويۇڭلار، ئىشنى چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتمەڭلار» دەپ ۋارقىرىغان. ئەينى چاغدا جاسارەت مەخسۇت بىلەن بىللە سۆھبەتكە بارغان ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ 10 - قاراپ چىقىش - تەكشۈرۈش ئىشخانىسى 2 - باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى چېن خۇيمۇ بار ئىدى. چېن خۇي مۇنداق دېدى: «بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، جاسارەت شۇجى ئازراقمۇ قورقۇپ قالمىدى، ئۇ بۇ ئادەمنى قاتتىق ئەيىبلىدى، ئەڭ ئاخىرىدا بۇ ئادەمنىڭ ئۆسۈپ كەتكەن ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇردى.» بۇنداق قەتئىي تىز پۈكمەيدىغان جاسارەت چېن خۇينىڭ ھۆرمىتىنى قوزغىغانىدى.

جاسارەت مەخسۇتنىڭ قەتئىي تىز پۈكمەيدىغان جاسارىتى قانداق تاۋلاپ چىقىلغان؟ بىز ئۇنىڭ ياش چاغلىرىدىكى كەچۈرمىشلىرىدىن جاۋاب تاپالىشىمىز مۇمكىن.

جاسارەت مەخسۇتنىڭ ئاتا - ئانىسى كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزاسى، دادىسى ھايات چېغىدا ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ شۆيۈەنى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولغان، ئانىسى پېنسىيەگە چىقىشتىن ئىلگىرى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پارتىيە مەكتىپىنىڭ كادىرى ئىدى. «جاسارەت شۇجى ئىلگىرى بىزگە ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئىنتايىن ئىللىقلىقىنى، ئاتا - ئانىسىنىڭ پارتىيەگە بولغان ھېسسىياتى ئۇنىڭغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇنى تاۋلاپ چىققانلىقىنى ئېيتقانىدى. 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدا، جەمئىيەتتە پەيدا بولغان بىر قىسىم خاتا ئىدىيە ئېقىمى ئالدىدا، دادىسى ئۇنىڭغا ئېنىق قىلىپ مۇنداق دېگەنىدى: شامالغا ئەگىشىپ كېتىشكە، گاڭگىراپ قېلىشقا بولمايدۇ. بۇ ئۇنىڭ غايە - ئېتىقادىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملىگەنىدى» دېدى يەن بېڭجې.

بۇ غايە - ئېتىقادنى كۆڭلىگە پۈككەن جاسارەت مەخسۇت پارتىيەگە كىرىش ئىلتىماسىغا مۇنداق دەپ يازغانىدى: كىشىلىك ھاياتتا ئىنتىلىش بولمىسا بولمايدۇ. نىشان بولمىغان، ئىلگىرىلەش يۆنىلىشى بولمىغان كىشىلىك ھاياتنىڭ مەنىسى بولمايدۇ. ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە كادىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن مەن بالدۇرراق جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرىپ، خەلققە، ۋەتەنگە تېخىمۇ يارىملىق كىشى بولۇشنى ئارزۇ قىلىمەن...

ھەربىر شەرەپ ئۇنىڭ ساداقىتى ۋە قەسەمگە گۇۋاھ بولدى — خىزمەتكە قاتناشقاندىن بۇيان، ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ كۆپ قېتىم مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى، مۇنەۋۋەر كادىر، ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالاندى، چوڭ دېلو، مۇھىم دېلولارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلغانلىقى ئۈچۈن شەرەپ بىلەن 1 - دەرىجىلىك، 2 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى...

جاسارەت مەخسۇتنىڭ ھايات چېغىدىكى ئىشلىرىنى ئەسلىگەندە، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇ ھايات چېغىدا ئەڭ ياقتۇرىدىغان «قىزىل يۇلتۇز كۈرەش يولۇمنى يورۇتماقتا» دېگەن ناخشىنى ئېسىگە ئالاتتى.

بۇ بىر ناخشا بولۇپلا قالماي، يەنە ئۇنىڭ كىشىلىك ھاياتىنىڭ ئەينەن كارتىنىسى ئىدى.

قېنى ئاڭلايلى، كىچىككىنە زىيارەت قىلىش ئۆيىدىن ناخشا ئاۋازى ئاڭلاندى: «چاقناپ تۇرىدۇ قىپقىزىل يۇلتۇز، يورۇتتى ئۇ مېنىڭ كۈرەش يوللىرىمنى...»

بۇ ناخشا نۇرغۇن ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە كادىرلىرىنىڭ قەلبىدىكى ناخشىغا ئايلاندى.

(بېشى 1 - بەتتە)

1 - پەسىلدە، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئېنېرگىيە سەرپىياتى يۇقىرى كەسىپلەردىن باشقا ئادەتتىكى سودا - سانائەت ھەم باشقا توك باھاسى ۋە يىرىك سانائەت توك باھاسى تۆۋەنلىتىلىدىغان خېرىدار 670 مىڭ بولۇپ، تۆۋەنلىتىلگەن سوممىسى 96 مىليون 265 مىڭ 900 يۈەن بولغان؛ قوللاش خاراكتېرلىك ئىككى تۈزۈمدىكى توك باھاسى سىياسىتىگە ئاساسەن خېرىدارلارنىڭ توك ھەققى چىقىمى 10 مىليون 501 مىڭ 900 يۈەن تۆۋەنلىتىلگەن. جەمئىي 114 ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىغا بېجىرىپ بېرىلگەن كېچىكتۈرۈپ تاپشۇرۇلىدىغان توك ھەققى سوممىسى 74 مىليون 732 مىڭ 400 يۈەن بولۇپ، 114 كارخانىنى قىسقا مۇددەتلىك ئۆسۈمسىز قەرز پۇل مەدىتى بىلەن تەمىنلەشكە باراۋەر بولغان، بۇ، كارخانىلارنىڭ نەق پۇل ئوبوروتى قىس بولۇش مەسىلىسىنى پەسەيتكەن.

ئالاقىدار قوللاش سىياسىتى 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگىچە ئىجرا قىلىنىدىكەن، مۆلچەرلىنىشىچە، سىياسەت پايدىسىدىن مەنپەئەتلىنىدىغان خېرىدار 850 مىڭ ئائىلىدىن ئاشىدىكەن، كارخانىلارنىڭ توك ھەققى چىقىمى جەمئىي 504 مىليون يۈەن تۆۋەنلىتىلىدىكەن.

نەزلە جەۋھىرى كىلىنكىدا سىناق قىلىش تەستىقىغا ئېرىشتى

(بېشى 1 - بەتتە)

خام ماتېرىيال دورىسى، سۇيۇق دورا قاتارلىق دورا تېپىدىكىلەرنىڭ زامانىۋى ئوتتۇرا كۆلەملىك سىناق لىنىيەسىنى ھازىرلىغان بولۇپ، مۇكەممەل ئۈسكۈنە، ئەسلىھەلەر ۋە سىناق مۇھىتى يېڭى دورىلارنى تەتقىق قىلىپ ياساشنى كۈچلۈك مەدەت بىلەن تەمىنلىدى. نۆۋەتتە، شىنجاڭ بىيو تېببىي دورىدا يېڭىلىق يارىتىش تەتقىقات يۇرتى توققۇز خىل يېڭى دورا تەتقىقاتىنى قانات يايدۇردى، نەزلە جەۋھىرى تۇنجى بولۇپ كىلىنكىلىق تەستىق ھۆججىتى ئالغان دورا ھېسابلىنىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى تەمىنلىگەن سانلىق مەلۇماتتا كۆرسىتىلىشىچە، 2004 - يىلدىن ھازىرغىچە، شىنجاڭدىكى يەرلىك كارخانىلاردىن دۆلەتنىڭ دورىنى كىلىنكىدا سىناق قىلىش تەستىق ھۆججىتىگە ئېرىشكەن تۈر 27 بولۇپ، بازارغا كىرىش تەستىقىغا ئېرىشكەن يېڭى دورا («دۆلەت دورا تەستىق نومۇرى» تەستىق ھۆججەت نومۇرىغا ئېرىشكەن)دىن ئالتىسى بار.

«ئىككى تىزىملىك» كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە دەل جايىدا مۇلازىمەت قىلدى

(بېشى 1 - بەتتە)

ئىگىلىنىشىچە، قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ مۇھىت تەسىرىنى باھالاشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاشتىكى ئىجابىي تىزىملىكنى يولغا قويۇشتا، بىرىنچىدىن، زەھەرلىك، زىيانلىق ھەم خەتەرلىك بۇيۇملارغا چېتىلمايدىغان ئامباردا ساقلاش، ئەشيا ئوبوروتى تەقسىملەش - يەتكۈزۈش كەسپى قاتارلىق ئون چوڭ تۈر، 30 كىچىك تۈردىكى كەسپلەرنىڭ تۈرلىرى مۇھىت تەسىرىنى باھالاش بويىچە كەچۈرۈم قىلىش، باشقۇرۇشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلۈپ، مۇھىت تەسىرىنى باھالاش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىش كەچۈرۈم قىلىنىدىكەن؛ ئىككىنچىدىن، مۇھىتقا بولغان تەسىرىنى ئومۇمىي جەھەتتىن كونترول قىلغىلى بولىدىغان، يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە بەكرەك ئۇچرىغان، ئىشقا ئورۇنلىشىش كۆجۈملەشكەن قاتارلىق خەلق تۇرمۇشىغا ئالاقىدار قۇرۇلۇشلار، جەمئىيەت ئىشلىرى ۋە مۇلازىمەت كەسپلىرى قاتارلىق 17 چوڭ تۈر، 44 كىچىك تۈردىكى كەسپلەرنىڭ تۈرلىرى مۇھىت تەسىرىنى باھالاش بويىچە خەۋەرلەندۈرۈش - ۋەدە بېرىش تۈزۈمىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلىدىكەن.

«نازارەت قىلىش، قانۇن ئىجرا قىلىشتىكى ئىجابىي تىزىملىكنى تۇرغۇزۇشتا مۇھىتنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش شەكلىنى ئەلالاشتۇرۇپ، پەرقلىق مۇھىتنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قانۇن ئىجرا قىلىش بايلىقىنى ئىلمىي تەقسىملەپ، قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان كارخانىلارغا ‹ئىش بولمىسا ئاۋارە قىلماسلىق›، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان كارخانىلارغا ‹شەمشەرنى ئېگىز كۆتۈرۈش› مەقسەت قىلىنغان.» ئاپتونوم رايونلۇق ئېكولوگىيەلىك مۇھىت نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى ما خۇڭجۈن مۇنداق بىلدۈردى: يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئېكولوگىيەلىك مۇھىت تارماقلىرى ئەڭ يېڭى بۇلغىنىش مەنبەسىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش تىزىملىكىگە بىرلەشتۈرۈپ، بىر قىسىم كارخانىلارنىڭ نەق مەيداندا قانۇن ئىجرا قىلىشنى تەكشۈرۈشنى بىكار قىلىپ، نەق مەيدانغا بارمايلا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش شەكلىنى يولغا قويۇپ، توردا نازارەت قىلىپ تىزگىنلەش، بۇلغىما قويۇپ بېرىش ئىجازەتنامىسىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىش قاتارلىق ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ نەق مەيدانغا بارمايلا تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇپ، ئىجابىي تىزىملىكنىڭ تۇرغۇزۇلۇشىنى پائال ئالغا سىلجىتتى.

ياخشى تازىلىق ئادىتىنى ئاڭلىقلىققا ئايلاندۇرايلى

(بېشى 1 - بەتتە)

بىراق خەۋپ - خەتەر يەنىلا مەۋجۇت. ئەگەر بىخۇدلۇق قىلىپ، تەلەي سىناپ بېقىش مەقسىتىدە، خاتا ھالدا مۇداپىئەلىنىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋېتىشكە تامامەن بولىدۇ دەپ قارىساق، ئۇنداقتا ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىش لىنىيەسىنى بوشاشتۇرۇپ، ۋىرۇسنىڭ «ھۇجۇم قىلىش»نى پايدىلىق پۇرسەت بىلەن تەمىنلىگەنلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۆزىمىز، ئائىلىمىزدىكىلەر، باشقىلارنىڭ ساغلاملىقى ئۈچۈن، جەزمەن ئاخىرىدىمۇ باشتىكىدەكلا ئېھتىياتچان بولۇشىمىز، بىر قىسىم ئاساسىي سەھىيە مۇداپىئە تەدبىرلىرىنى جەزمەن كەم - كوتىسىز جايىدا قىلىشىمىز كېرەك.

ئەمەلىيەتتە، ساغلام تۇرمۇش ئۇسۇلىنى يېتىلدۈرۈش، ياخشى تازىلىق ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش ھەرقانداق ۋاقىتتا ساغلاملىقنى ساقلاش، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى ئۈنۈملۈك ۋاستە. تەتقىقاتلاردىن بايقىلىشىچە، ئادەم تېنىنىڭ ساغلاملىقىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللارنىڭ ئىچىدە، ھەرىكەت ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى %60نى ئىگىلەيدىكەن. شۇڭا، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەزگىلىدە بىز يېتىلدۈرگەن بىر قىسىم ياخشى تازىلىق ئادەتلىرىنى داۋاملىق ساقلىشىمىزنىڭ ناھايىتى زۆرۈرىيىتى بار، بۇنى پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇپ، ساغلام شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىشىمىز كېرەك.

(«سۆز ھەممىگە» ئىستونىغا ماقالە ئەۋەتىش خەت ساندۇقى: xjrbplb@126.com)